2021 ـ يىل 2 ـ ئاي
19
جۈمە
维吾尔文 2 月19日
25337 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　تىيانشان تورى: www.ts.cn

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

# يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى» ئېلان قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلدۇ) يېقىندا ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

«نىزام»دا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى تۈپ مىزان قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەلىپى ۋە ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش تەدبىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دىققەت، كۈچ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى　يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، چىدامچان كالا روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ئۆتكەن بىر يىللىق تۈرلۈك ئىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، يېڭى بىر يىللىق خىزمەتلەرگە قارىتا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇلۇغ چاقىرىق چىقىرىلىپ، يۈز مىليونلىغان خەلق يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۆرۈپ تاشلاپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى ۋە رىغبەتلەندۈرۈلدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى دائىملاشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەك ئېتىبار بېرىپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ھەربىر تال ئالقاتنىڭ «ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلىنىش»

## ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش ئالقات كەسپىگە قىممەت ياراتتى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون چوڭ كەسىپنىڭ مىكرو كۆرۈنۈشى ③

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇڭ ياۋېن

جىڭ ناھىيەلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىدىن چېن يۈڭلياڭ

سۈنئىي تاللاش، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق يۇيۇش، خام ئەشيانى يانجىش، ئارىلاشما ماددىلارنى سۈزۈش، قۇلماق ۋە ئېچىتقۇ قوشۇش، پىۋا قۇتىسىغا قاچىلاش... 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، جىڭ ناھىيەسى چىرۇي بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئالقات پىۋىسى پىششىقلاش سېخىدا، ئون نەچچە ئىشچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

«ھازىر يەنىلا ئالقات ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشنىڭ ئاۋات مەزگىلى، بىز ھېلىلا بېيجىڭ ۋە خۇبېي جىڭمېندىن كەلگەن ئالقات پىۋىسى زاكاز تالونىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، ھازىر چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىۋاتىمىز» دېدى جىڭ ناھىيەسى چىرۇي بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جاڭ بىلىڭ تونۇشتۇرۇپ.

جىڭنىڭ ئالقات كەسپى بىر مەھەل قۇرۇق مېۋە سېتىشتىن ئىبارەت دەسلەپكى باسقۇچتا توختاپ قالغان بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، بازار ئىگىلەش نىسبىتىمۇ تۆۋەن ئىدى. «ياخشى خام ئەشيا بىلەن ياخشى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالىسلىق، ياخشى مەھسۇلاتنى ياخشى باھادا سېتالىسلىق» جىڭ ئالقات كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغانىدى. جاڭ بىلىڭ مۇنداق قاردى: ئالقاتنىڭ پەقەت سۇغا چىلاش، ھاراققا چىلاش ياكى ئۇماچ قاينىتىشتەك ئورنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، جەزمەن ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش يولىدا مېڭىش كېرەك.

بۇلتۇر، جىڭ ناھىيەسى چىرۇي بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پۈتۈن يۈرۈشلۈك پىۋا ئېچىتىش ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تالالا بازارلىرىنىڭ چاغانلىق سېتىش سوممىسى 80%تىن كۆپرەك ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **خېي خۇڭگۈېي** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل چاغان مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال بازىرى ئاۋاتلاشتى، جانلاندى، چوڭ تىپتىكى پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ سېتىش سوممىسىدا زور ھەجىمدە ئېشىش ھالىتى كۆرۈلدى، نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن 159 چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تالالا بازارنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 479 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 81.44% ئاشتى.

چاغان مەزگىلىدە، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ھەرقايسى چوڭ نۇقتىلىق سودا ئوبوروت كارخانىلىرى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللىك ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئالاتاۋدا چاغاندا چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى زور نىسبەتتە ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل چاغاندا، ئالاتاۋ پورتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە، ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 106گە يېتىپ، 10 مىڭ 100 ئۆلچەملىك كونتېينېر توشۇلۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 73.8%، 88.9% ئاشقان.

چاغان مەزگىلىدە، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش سانى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن زور نىسبەتتە ئاشقاندىن سىرت، ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ قويۇق چاغان تۈسىنى ئالغان، ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## سىز بولغاچقا، كەنتتە چاغان باشقىچە ئىللىقلىققا تولدى

سۆز ھەممىگە

□ ۋاڭ چۈنخۇا

بۇ چاغاندا ئۆيىڭىزگە قايتمىدىڭىز، كەنتتە يۇرتداشلار بىلەن بىللە چاغان ئۆتكۈزدىڭىز.

بۇ بەلكىم بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەس. ئۆيىڭىزدىكىلەر سىز ئۆيدە بولمىغان چاغانلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۆنۈشكە تىرىشتى، سىزنىڭمۇ چاغاندا يۇرتداشلاردىن ئايرىلىشقا ھەقىقەتەن كۆزىڭىز قىيمىدى.

كەنتتە، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە كۆپچىلىكلا بولدى. قايسى ئۆيدىكى ياشانغان كىشىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسا، قايسى ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ياردەمگە موھتاج بولسا، قايسى ئائىلىدە قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا يېشىلمىگەن تۈگۈن بولسا... چاغاندا بېرىپ ياردەم قىلدىڭىز.

كەنتتە سىزنىڭ باشقا يەردە بەھرىمەن بولالمايدىغان خۇشاللىقىڭىز بار. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىدا، سىز بالىلارغا دۈيلىيەن چاپلاش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتماسلىق　تېخىمۇ غەيرەت بىلەن «يۈگۈرۈش»

مۇخبىرلارنىڭ ئۇلانما زىيارىتى

□ رىياسەتچى: ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ما يىنىڭ

ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەلىرىدە ئىشچىلار تەرتىپلىك مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى... چاغان مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق كارخانىلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن «يۈگۈردى».

### مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش

□ ئۇلىغۇچى: شىنجاڭ نېفىتلىكى گاز ئېلىش 1 ـ زاۋۇتى قارامايلى گاز ئېلىش مەشغۇلات رايونى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، دىرېكتور شې خۇ

چاغاندا، سىز ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، جەم بولۇشتىن خاتىرجەم بەھرىمەن بولۇۋاتقان ۋاقىت دەل گاز ئالغۇچىلار ئەڭ ئالدىراش بولىدىغان ۋاقىتتۇر.

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، قۇياشنىڭ ئاستا ـ ئاستا پېتىشىغا ئەگىشىپ، قۇرباتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى قارامايلى گازلىقىدا تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ، نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چۈشتى، تۆۋەن تېمپېراتۇردا گاز ئېلىش تۇرۇبىسى ئاسانلا مۇز تۇتۇپ توسۇلۇپ قالاتتى. «ۋۇ بەنجاڭ، دىشى 18 ـ قۇدۇقنىڭ قۇدۇق ئاغزى بېسىمى ئۆزگىرىۋاتىدۇ، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەۋاتىدۇ، سىز نەق مەيدانغا بېرىپ قاراپ بېقىڭ.» سۆزلىشىش ئاپپاراتىدا يەتكۈزۈلگەن ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قارامايلى گازلىقى توشۇش ـ رېمونت قىلىش 2 ـ بەنىنىڭ بەنجاڭى ۋۇ ۋېنشېڭ تېزدىن نەق مەيدانغا كېلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تۇرۇبا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ساغان بازىرى:

## «ئاچچىق ئىقتىساد» كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى مەخپىي رېتسېپقا ئايلاندى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن چىنيەن

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يېڭىسار ناھىيەسى ساغان بازىرى ئاقباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەيخان روزى ئائىلىسىنىڭ ئېتىزلىقىدا، ئاق رەڭلىك سولياۋ يوپۇق ئاستىدىكى سامساق مايسىلىرى بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان بولۇپ، قېنىق يېشىل سامساق يوپۇرماقلىرى كەلگۈسىدىكى مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

«بۇ سامساق مايسىلىرىدىن بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىلا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.» كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ سامساق مايسىلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان شەندۇڭدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، ساغان بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شياۋچاڭ مۇنداق دېدى: «سامساقتىن ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن ئورنىغا لازا تېرىيمىز».

بىر قېتىمدا سامساق، بىر قېتىمدا لازا تېرىش، بۇ، «نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش» دېيىلىدۇ. تەجرىبىلىك كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى ئۆزگەرتمەي بىر قېلىپقا سېلىۋېلىپ تېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، «نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىغان»دا ئاندىن تېخىمۇ ياخشى ئۆسىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

مەيخان روزى ئائىلىسىنىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكىچە بولغان بۇ خىل پەرق ئۇنى چەكسىز ھاياجانلاندۇردى: «تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن زىرائەت تېرىشنىڭ داۋلىسى ئوخشاش، ھەممىسدە توغرا ‹نۆۋەتلەشتۈرۈش› كېرەك، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆكتات تېرىشقا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇق،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



### شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش

چاغان مەزگىلىدە، خادىملار قۇمۇل يەندۇڭ شامال ـ يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بولغان چارلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلدى (2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تارتىلغان).　□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سەي زېڭلې فوتوسى**